السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# ئاگاھ بولۇڭلاركى، جاھىلىيەت دەۋرىدىن قالغان ھەرقانداق قان قىساسى، داۋا قىلىنغان، دېۋالغان «ئۆسۈملۈك» قەرز ۋە شەخسىيەتچىلىك قىلىش ئايىغىم ئاستىدا، پەقەت ھاجىلارنى سۇغۇرۇش ئىشى، كەئبىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۇنىڭدىن سىرىت

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىنى پەتھى قىلغان كۈنى خۇتبە سۆزلەپ مۇنداق دېگەن: ئاگاھ بولۇڭلاركى، جاھىلىيەت دەۋرىدىن قالغان ھەرقانداق قان قىساسى، داۋا قىلىنغان، دېۋىلىنغان «ئۆسۈملۈك» قەرز ۋە شەخسىيەتچىلىك قىلىش ئاياغىم ئاستىدا، پەقەت ھاجىلارنى سۇغۇرۇش ئىشى، كەئبىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۇنىڭدىن سىرىت. ئاندىن يەنە رەسۇلۇللاھ: ئاگاھ بولۇڭلاركى سەھۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈش، يېرىم قەستەنلىك، ئۇ بولسىمۇ قامچا ۋە ھاسا بىلەن ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇنىڭ دىيىتى يۈز تۆگە، ئۇنىڭدىن قىرىق تۆگە بوغاز بولۇشى كېرەك

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىبنى ماجە"سۈنەن ئىبنى ماجە"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - نىسائىي"سۈنەن نىسائىي"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - دارىمى"سۈنەن دارىمي"نام]

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككە پەتھى قىلىنغان كۈنى مۇسۇلمانلارغا شۇنى جاكارلىدى، جاھىلىيەت قالدۇقلىرىدىن پەخىرلىك، ئېسىل-پەزىلەت دەپ قارايدىغان ھەر قانداق ئىشلار ئېتىبارسىز بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەجىر-ساۋاب بېرىلمەيدۇ. پەقەت ھاجىلارغا سۇ بىرىش ۋە ھەرەمنىڭ خىزمىتىنى قىلىش قاتارلىق بۇ ئىككى خىزمەت شەرىئەت ئۇنىڭغا ئەجىر-ساۋاب بەلگىلەيدىغان ئىشتۇر، دېدى. ھەرەمنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش جاھىلىيەتتە ئابدۇددار قەبىلىسىنىڭ قولىدا ئىدى. ھاجىلارغا سۇ بىرىش بەنى ھاشىمنىڭ قولىدا ئىدى. رەسۇلۇللاھ بۇ ئىككى خىزمەتنى ئۆز ئىگىلىرىدە قويدى. رەسۇلۇللاھ ئاندىن سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈشنى بايان قىلىپ، ئۇ بولسا ئادەتتە، ئادەم ئۆلتۈرگىلى بولمايدىغان نەرسىلەر بىلەن بىر كىشىنى ئۇرسا، قامچا ياكى ھاسا دېگەندەك، شۇ سەۋەبتىن ئۇ كىشى ئۆلۈپ قالسا، قاتىل ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلىسىگە ئېغىر دىيەت تۆلىشى كېرەك. ئۇ دىيەت بولسا يۈز تۆگە، ئۇنىڭ قىرىقى بوغاز تۆگە بولىشى شەرتتۇر

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/58210

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee